# ياشلىق باھارىمىزغا يۈز كېلىپ، غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، يېڭى سەھىپە يېزىمىز

## —— ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن خاتىرە

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى جاۋ جيۈن، جاڭ يەنفاڭ

ئارزۇ ئالدىمىزدا، بۇرچ زىممىمىزدە. 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سائەت 9دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى زىممىسىگە ئالغان، ھەرقايسى سەپلەردىن كەلگەن 481 نەپەر خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى مەردانە، كۈچلۈك قەدەم تاشلاپ، شىنجاڭ خەلق سارىيىغا كىردى.

ئىسلاھات، تەرەققىيات توغرىسىدا كەڭ - كۇشادە پاراڭلىشىش، خەلق تۇرمۇشى، ئەلرايىنى بايان قىلىش، جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانغا جاۋاب قايتۇرۇش... ئۇلار ماڭغاچ پاراڭلىشاتتى، ئۆزگىچە ئىشىنەتتى، سالماق ئىدى.

سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، يىغىن ھەيۋەتلىك دۆلەت شېئىرى ساداسى ئىچىدە باشلاندى. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر سۆز قىلىش ئورنىغا بېرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات بەردى.

2019 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق يىل. بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، قان - تەرى بىلەن سۇغىرىپ ھوسۇل ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، پۇختا ئالغا ئىلگىرىلىدى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر كىشىنى روھلاندۇردى.

«دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلدى: 2019 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، مۆلچەرلىنىشچە، 645 مىڭ نامرات نوپۇسنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كۆزنى چاقنىتىدىغان نەتىجە قەغىزى تاپشۇرۇلغان.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ئۈرۈمچى جيېيۈن خۇيتۇڭ سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئابدۇغوپۇر ئابدۇكۆل مۇنداق دېدى: «2020 - يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل، بىز داۋاملىق پەيتنى قولدىن بەرمەي، غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرىمىز».

«مىڭ كەنتتە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئون مىڭ كەنتنى تۈزەش» قۇرۇلۇشى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، جەمئىي 7532 كەنتتە تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى مەركەزلىك يىغىپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، يېزا - بازارلىق شىپاخانىلار، كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى 100%كە يەتتى... ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، دۆلەت ئېلېكترى كۇچا توك تارقىتىش چەكلىك شىركىتى توك تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ خىمىيە مەخسۇس ئىشچىسى ئابدۇراخمان ياسىن بىر تەرەپتىن دوكلات ئاڭلىغاچ، بىر تەرەپتىن «مۇھىم نۇقتا»لارنى سىزدى. يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ، ئۇ خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: مېنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىگە قاتناشقىنىمغا ئىككى يىل بولدى، بۇ ئىككى يىلدا كەنتتە ئۆزگىرىش ئالاھىدە زور بولدى، تۈرمۇ تۈر خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى. 2019 - يىلى ھوسۇل ئېلىنغان بىر يىل بولدى، شۇنچە كۆپ خۇش خەۋەرلەر كەلدى، ھەقىقەتەن قالتىس بولدى!»

ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، بۇ خۇشاللىق، بۇ ماختاش، بۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈش!

2020 - يىلى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدىغان ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تاماملايدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ھەل قىلغۇچ جېڭىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل.

ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا بۇ يىللىق نىشان - ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، يېڭى مۇساپىنىڭ بۇرغىسى چېلىندى، ۋەكىللەر تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا تولدى.

دوكلاتتا، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ساياھەتچىلىكنى يېتەكلەش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك، پۇقرالارغا بەخت يارىتىش دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان خەلقنى بېيىتىش كەسپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، جىمسار ناھىيەسى سەنتەي بازىرى پەنجىيائەيزى كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇساجان سىدىقنىڭ يېزا ساياھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشەنچىنى ئاشۇردى. «كەنتىمىزدە گۈزەل مەنزىرە بولۇپلا قالماي، يەنە خاس باغ - ئورمان بار، ساياھەت بايلىقى مول. بۇلتۇر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق كەنت تېخىمۇ پاكىز، چىرايلىق بولۇپ كەتتى، ساياھەتكە كېلىدىغانلارمۇ كۆپەيدى. بۇ يىل بىز ئەۋزەللىكىمىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ساياھەتچىلىكىنى ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنىڭ ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز» دېدى ئۇ غەيرىتى تولۇپ تاشقان ھالدا.

«دوكلاتتىكى نۇرغۇن سۆزدىن يېڭى دەۋر پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك، كۆپ خىللاشقان، يېڭىلىق يارىتىش، ئۆستۈرۈش... بۇ يىلنىڭ يېڭى كۈرەش قىلىشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، ساۋەن ناھىيەلىك ئاياللار بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن رەئىس گۈلجانار خۇمار ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بىز كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈپلا قالماي، تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ كۈچەپ يۈگۈرۈشىمىز كېرەك».

«دوكلات ئەمەلىي، پىكىر يولى يېڭى بولۇپ، ھەممە ئىشتا بۇ يىللىق خىزمەتلەر ئۈچۈن نىشان بېكىتىلىپتۇ، بىز كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىمىزنى ساقلاپ، كۈرەش قىلىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى يارىتىشىمىز كېرەك» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، يەكەن شىڭفۇيۈەن يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى گۈزەلنۇر ئابلىمىت.

ئالقىش ساداسى ياڭرىدى، بۇ ئۈمىد، بۇ ئورتاق تونۇش، بۇ ئىرادە!

يىغىن مەيدانىدىن چىققان ۋەكىللەرنىڭ قەدىمى قەتئىي، كۈچلۈك بولدى: نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن، كەلگۈسىدە تېخىمۇ تىرىشىش كېرەك. بىز ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يېڭى دەۋرنىڭ يېڭى نىشانىغا قاراپ ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك!

سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، پىلان لايىھىسى دوكلاتى ۋە خامچوت لايىھىسى دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى

# پەيتنى قولدىن بەرمەي غەيرەت قىلىپ ئىشلەپ، ياشلىق باھارىغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇپ قايتا ئاتلىنىمىز

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات، پىلان لايىھىسى دوكلاتى ۋە خامچوت لايىھىسى دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلدى.

كۆپچىلىك مۇنداق قارىدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپتۇ، باش تېمىسى روشەن، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: ئىشەنچنى چىڭىتىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، پەيتنى قولدىن بەرمەي، ياشلىق باھارىغا يۈز كېلەلەيدىغان بولۇشتەك كۈرەش قىلىش ھالىتى بىلەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى ئورتاق ياخشى يېزىشىمىز كېرەك.

ئەزا يىن شىڭ مۇنداق دېدى: 2019 - يىلى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھات خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتىمۇ يارقىن نۇقتىلارغا لىق تولغان بىر ‹نەتىجە قەغىزى› بولۇپ، بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن. بىز دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداشتىن ئىبارەت بۇ تارىنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، بوشاشتۇرماي، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك» دېدى يىن شىڭ.

ئەزا جۈرئەت قۇربان مۇنداق قارىدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا تەپسىلىي، ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ 2019 - يىللىق تەرەققىيات نەتىجىلىرى خۇلاسىلىنىپتۇ، خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئۈچۈن دەيدىغان ئىدىيە ئىزاھلىنىپتۇ، بۇ، كىشىنى ئىنتايىن ھاياجانغا سالىدۇ. «پەقەت نىشاننى چىڭ كۆزلەپ غەيرەت قىلىپ ئىشلىگەندىلا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ تىرىشچانلىقىدا، 2020 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ چوقۇم پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە تەڭ قەدەمدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن» دېدى جۈرئەت قۇربان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

ئەزا مۇقىيات ئوراسقان مۇنداق قارىدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات يۈكسەكلىكى يۇقىرى، ئەمەلىيلىشىشى پۇختا، چوڭقۇرلۇققا ئىگە، ئىللىقلىققا ئىگە بولۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرىدۇ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى. بولۇپمۇ دوكلاتتا 2019 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە خامچوتىنىڭ 70%دىن كۆپرەكىنى خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشقا ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ، كىشىگە ھەسسىلەپ ئىللىقلىق ھېس قىلدۇردى. داۋالاش - سەھىيە سىستېمىسىدىكى بىر خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەۋقەنى ئۆز ئىش ئورنۇمغا قويۇپ، تىرىشىپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ پۇقرانى داۋالاش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن بەھرىلەندۈرۈپ، ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ھەقىقىي ئاشۇرىمەن.

ئەزا پاتىگۈل مەمەت مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا سانلىق مەلۇماتلار تەپسىلىي، ئېنىق بوپتۇ، مۇھىم نۇقتىلار گەۋدىلەندۈرۈلۈپتۇ، ۋەزىپىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپتۇ، 2019 - يىللىق خىزمەت نەتىجىلىرى خۇلاسىلىنىپلا قالماي، يەنە ساقلىنىۋاتقان مەسىلە، خىرىس ۋە ئوي - پىكىر تىلغا ئېلىنىپتۇ. بىر مائارىپ خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن سوتسىيالىزمنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرىمەن.

«دوكلاتتا بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىز ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور نەتىجىلەر، ‹شىنجاڭنىڭ ئىچكىرى ھالقىسىمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىش - چىقىشنى تېزلىتىش› نىشانىدا قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەر خۇلاسىلىنىپتۇ، بۇ نۇقتا ھەر بىر شىنجاڭلىقنى ئورتاق ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ. ئەزا جاڭ شېڭخۇا مۇنداق دېدى: مەھەللە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى داۋاملىق ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشقا يېتەكلەيمەن.

«ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتىكى 2019 - يىللىق مۇۋەپپەقىيەتلەر كىشىنى روھلاندۇرىدۇ، 2020 - يىللىق تەرەققىيات نىشانى كونكرېت، ئېنىق بولۇپ، خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇلغان.» ئەزا جاڭ باۋجۇڭ مۇنداق دېدى: بىر مۇھىت ئاسراش خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، مۇھىت ئاسراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى ئاڭلىغاندا، ئىشەنچىمنىڭ ھەسسىلەپ ئاشقانلىقىنى ھېس قىلدىم. «يېڭى بىر يىلدا، مەن سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى داۋاملىق ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئۆز خىزمىتىمنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشىمەن».

(گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى لى ياڭ، لىيۇ شياڭ، جاڭ تىڭ، چېن چياڭۋېي، لى چۈنشيا، جاۋ جىن يازغان)

(بېشى 1 - بەتتە)

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولدى، ئىقتىساد ساغلام تەرەققىي قىلدى، خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلاندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقىدىن بولدى، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدىن ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىدىن بولدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلغانلىقىدىن، بولۇپمۇ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئىنتايىن زور قىزغىنلىقى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتقانلىقىدىن بولدى.

شۆھرەت زاكىر مۇنداق دېدى: بۇ يىل ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل، بىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىمىز. چوڭ ئىشلارنى قىلىشتىكى مۇھىم، زور تارىخىي پۇرسەتنى مەھكەم چىڭ تۇتۇپ، ھەممە بىر نىيەتتە غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، قانچە خەتەرلىك بولغانسېرى شۇنچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قەشقەر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئاساسىي جەڭ مەيدانى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋەزىپىسى مۈشكۈل، مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور. مۇقىملىق خىزمىتىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئالدىنقى شەرتنى مەھكەم ياخشى تۇتۇپ، باشتىن - ئاخىر دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۈزلۈكسىز ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، «بىرىكمە مۇشت» ئېتىپ، دائىملاشقان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش كېرەك؛ «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»دىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىنى مەھكەم، ياخشى تۇتۇپ، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىپ ئىستىھكامنى ئېلىش، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىق ئىرادىسى بىلەن، ئېغىر نامراتلىقنى «يوقىتىش جېڭى»نى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك؛ ئاممىۋى خىزمەتتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ سىياسىينى مەھكەم ياخشى تۇتۇپ، ئامما ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈش، ئامما ئارىسىغا بېرىش، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش، ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارزۇسىغا پائال ئىنكاس قايتۇرۇش كېرەك؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ خەلق تۇرمۇشىنى مەھكەم ياخشى تۇتۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، ئەمگەك كۈچى زىچ كەسىپلەرنى كۈچەپ راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئاساسنى مەھكەم ياخشى تۇتۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېشىل تەرەققىياتى، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشى پۇرسىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، تەرەققىي قىلغان رايونلارنىڭ ئەركىن سودا رايونى ئىسلاھاتىدىكى يېڭىلىق يارىتىش تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھەلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاتناش تۈگۈنى بەرپا قىلىپ، قەشقەر ئىقتىساد - تەرەققىيات رايونى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشقاندا مۇنداق كۆرسەتتى: بۇ يىللىق شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات نىشان - ۋەزىپىلىرى ئايدىڭلاشتى، ھازىرقى ئاچقۇچ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشتا. «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە، پەيتنى قولدىن بەرمەي، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شاۋكەت ئىمىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «1 + 3 + 3 + ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، 2019 - يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك خۇلاسىلىنىپ، دۇچ كەلگەن مەسىلە ۋە خىرىسلار چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، 2020 - يىللىق تۈرلۈك خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. دوكلاتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئېنىق، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك، ئومۇميۈزلۈك ئوبيېكتىپ بولۇپ، ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدىنىلگەن، نەتىجىلەر يەكۈنلىنىپ، ئىشەنچ ئۇرغۇتۇلۇپ، ۋەزىپە ئىلمىي، سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، قەتئىي سىياسىي مەيدان، يۈكسەك چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى، كۈچلۈك بۇرچنى زىممىگە ئېلىش تولۇق نامايان قىلىنغان، بۇ، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ. مەن بۇ دوكلاتقا تامامەن قوشۇلىمەن.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2019 - يىل شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل. بىز يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلىپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلەتتۇق، مالىيە، پۇل مۇئامىلىنىڭ تىرەكلىك رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈردۇق، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تاشقى سودىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تاشقى مەبلەغنى مۇقىملاشتۇرۇپ، سېلىنمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل، مۇقىم ۋە ئىقتىسادنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىدۇق، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق كۆرسەتكۈچلەرنىڭ سۈرئىتى مۆلچەرگە ئۇيغۇن، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات ئىستىقبالى كەڭ، كەلگۈسىدىن ئۈمىد زور، بىز پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملىق، تەرەققىيات ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، ئەۋزەللىكنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، كەلگۈسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. باشتىن - ئاخىر كۆتۈرەڭگۈ كۈرەش ئىرادىسىنى ساقلاپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە تېخىمۇ زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ قاراپ چىقىشىغا قاتناشتى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولغان خىزمەت ئۇسلۇبى، تېخىمۇ سادىق، قەتئىي بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق، دادىللىق بىلەن يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنداق دېدى: ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات يىراقنى كۆرەرلىككە ئىگە، دوكلاتنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىي، باش تېمىسى روشەن، نىشانى ئېنىق بولۇپ، دوكلاتتا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئومۇميۈزلۈك سىڭدۈرۈلۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمى ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش روھى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتەك خەلقنى ئاساس قىلىش ھېسسىياتى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇ جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۆستۈرىدىغان، ئىشەنچنى ئۇرغۇتىدىغان، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ياخشى دوكلات بوپتۇ، مەن تامامەن قوشۇلىمەن.

نۇرلان ئابىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كەم - كوتىسىز چىڭ تۇتۇش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇقىملىقنى قوغداش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى قەتئىي، كەسكىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاگاھ سىگنالىنى ئۈزلۈكسىز ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، قەتئىي تەۋرەنمەي باش نىشاننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بىرىكمە مۇشت»نى ياخشى ئېتىپ، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇقىملىق پايدىسىنى قويۇپ بېرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «ياخشى» ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ، «مۇقىم» تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «يېڭى» نەتىجىنى نامايان قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان - ۋەزىپىسىنى چىڭ كۆزلەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. خەلقنى مەركەز قىلغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىدىن ئىبارەت ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش قاتارلىقلارنى مۇھىم نۇقتا قىلغان خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ئېكولوگىيەنى ئاسراش قىزىل سىزىقى، تۆۋەن چېكىنى چىڭ ساقلاپ، ئىلىنىڭ ھەر بىر تال گىياھ، تاغ - دەريالىرىنى ياخشى ئاسراپ، ئىلىنى تاغلىرى دائىم يېشىل تۇرىدىغان، سۈيى سۈزۈك ئېقىپ تۇرىدىغان قىلىش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلىپ، پارتىيەنىڭ تۈپ مەقسىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇلىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى ئارقىلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يېڭى پەللىگە قەدەم تاشلاشقا يېتەكلەش كېرەك.